بۇرھان شەھىدى

# ياقۇببەگ ھاكىمىيىتى توغرىسىدا

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىن . 1958

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ياقۇببەگ هاكىميىتى توغرسىدا

بۇرهان شەهىدى

مللەتلەر نەشرياتى
بېيجن - 1958

# ياقۇببەگ ھاكىمىيىتى توغرىسىدا

## 1. ئۇمۇمى ئەھۋال

چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارىيىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن 1759 ـ ژىلىدىن تارتىپ شىنجاڭدا ئەڭ ئەشەددىي مۇستەبىت بولغان فېئوداللىق ھاكىمىيەتنى تىكلىدى. شىنجاڭنىڭ ئىختىسادىي ئاساسىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماستىن، مەمۇرلار سانىنى ناھايىتى كۆپەيتىۋەتتى. شۇ ۋاختىلاردا 46 تۈرلۈك مەمۇرىي ۋە دىنىي مەنسەپدارلار بار ئىدى. 34 تۈرلۈك مەنسەپ تۈزۈمى ئىشلەپ، يەرلىك ئىدارە ئىشلىرىنى يەرلىك ھاكىم بەگلەرگە ۋە بەگلەرگە تاپشۇردى. چىڭ ئەمەلدارلىرى يەرلىك ئەمەلدارلار ئۈستىدىن نازارەت قىلىپ تۇردى. ئۆلۈم جىنايىتىدىن باشقا بارلىق ئىشلار يەرلىك بەگلەر قولىدا ئىدى. يەرلىك بەگلەرگە چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان مائاش يوق بولۇپ، چىڭ ھاكىمىيىتى ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس بىر تۈزۈم ئورنىتىپ ھاكىم بەگ ۋە بەگلەرنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ يەر ۋە يانچى دېخان بېكىتىپ بەردى. ھاكىم بەگ ۋە بەگلەر

بەگ بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە يانچى دىخانلارنى ئىشلىتىپ مۇشۇ يەرلەردىن ھوسۇل ئېلىپ تۇراتتى. ھاكىم بەگنىڭ ئەڭ ژۇقۇردىسى 3 ـ دەرىجە (سەن پىڭ) بولۇپ، بۇنىڭغا 150 پاتمان يەر (بىر پاتمان تەخمىنەن 26.5 مو بولۇپ، جەمئىي 3،975 مو) ۋە 100 ئويلۇك يانچى دىخان بىرىلەتتى. ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بەگكە 2 ئويلۇك يانچى دىخان بىرىلەتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى بارلىق دىخانلار يەنە ئۇلارغا تۈرلۈك باج ـ سېلىقلارنى تولەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەگلەرنى، پومېشچىكلارنى، ئەسكەرلەرنى بېقىش ئېغىرچىلىقلىرىنىڭ ھەممىسى يانچى دىخانلار ۋە دىخانلار ئۈستىگە ژۈكلەندى. بەگلەر يانچى دىخانلارنى ۋە دىخانلارنى ئېكسپلۇئاتاتسىيە قىلىپ تاپقان بايلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى چىڭ ئەمەلدارلىرىنى بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. شۇڭلاشقا دىخانلار قەۋەتمۇ ـ قەۋەت ئېكسپلۇئاتاتسىيە ئاستىدا قالدى.

دىخانلار ئاممىسىنىڭ مانا شۇنداق قەۋەتمۇ ـ قەۋەت ئېكسپلۇئاتاتسىيە قىلىنىش ۋە مىللىي ئېزىلىش ئاستىدا چىدىغىدەك ھالى قالمىدى. بۇ ھەقتە موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخ ھەمىدى» كىتاۋى (قولىيازما) ۋە ئىمام مۇللا مۇھەممەت كەرىم مۇللا سىدىق ئوغلىنىڭ «تەزكىرە» كىتاۋى (قولىيازما) دا يازغانلىرىنى مۇنداق خۇلاسە قىلغىلى بولىدۇ: «ئۇ ۋاختىدا خاقان چىن ژۇرتلارنى يەرلىك بەگلەرگە تۇتۇپ بىرىپ



www.uyghurkitap.com

ئولۇم ئىشىدىن باشقىنى سورىمايتتى. ھەرخىل ئالۋاڭلار كو-پۈيۈپ كەتتى. ئاجىز پۇخرالارنى ئاتىنى بالىغا ۋە بالىنى ئاتا - ئانىغا قوشماي، ئۇلاشتۇرماي ئالۋاڭ - ياساقچا ھايدىدى. تاقەتلىرى تاق بولۇپ كوزلىرىدىن دەريا - دەريا ياشلار ئاقتى. يەر-زېمىنلىرىنى تاشلاپ قېچىپ ژۈردى. ئوز ژۇرتلىرىدا تېچ بىر قازان ئاش ئىچىپ ئىچەلمەي پۇخرالارنىڭ ھالىرى ئېغىر بولدى. خەلقلەر مازارلارغا بېرىپ بۇكۈپ يېتىپ ژىغلايتتى». شۇڭلاشقا خەلقنىڭ چىڭ ھاكىمىيىتىگە ۋە بەگلەرگە قارشى غەزەپ ئوتلىرى كۈنساناپ كۈچەيىدى، بۇ ئەلۋەتتە بىر كۈنى پارتلاپ چىقىشى لازىم ئىدى. ھەقىقەتتىمۇ شۇنداق بولدى. 6 ژىلدىن كېيىن، 1765 - ژىلى ئۇچتۇرپاندا چىڭ ھاكىمىيىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ قۇرالى بولغان يەرلىك بەگلەر ۋە پومېشىكلارغا قارشى دىخانلار قوزغىلىڭى كوتۈرۈلدى. گەرچە بۇ قوزغىلاڭ چىڭ ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن بېسىقتۇرۇلغان بول-سىمۇ، لېكىن خەلق كوڭلىدىكى غەزەپ ئوتىنىڭ يالقۇنلىرى ئوچمىگەن ئىدى.

ئوتمۇشتە شىنجاڭدا ھوكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن خوجى-لارنىڭ ئەۋلاتلىرى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەشۇ بۇرۇن-قى ھاكىمىيەتنى تىكلەش يولىغا كىرىشتى. ئېزىلگەن دىخانلار ئاممىسى ئۇنىڭدىن ئوزلىرىگە يەڭگىللىك ھاسىل قىلىش ئۇ-مىدى بىلەن ئۇلارنى ھىمايە قىلىشتى. خوجىلارنىڭ 2 تۈرلۈك

شۇئارى بار بولۇپ: 1 ـ چىڭ ھاكىمىيىتىدىن قۇتۇلۇش؛ 2 ـ غەيرى دىندىكىلەرگە قارشى جىھاد قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى، خوجىلار ئېزىلىشنى چىڭ ھاكىمىيىتىدىن ۋە غەيرى دىن كىشىلىرىدىن بولغان، دەپ كۆرسۈتەتتى. جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھە خەلقلىرى مۇشۇ شۇئار ئاستىدا بىرلىشىپ چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقتى. لېكىن ھاكىمىيەت خوجىلار قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشى باشلاندى. قول ئاستىدىكىلەر «بورىلار قويغە چاڭقاندەك فقرالارنى تالىدى①» ئۆزلىرىگە نىجات ئۈمىت قىلغان دېھقانلار ئاممىسى تېخىمۇ چوڭ ئېغىرچىلىق ۋە چوڭقۇر ئېزىلىش ئاستىدا قالدى.

خوجىلار كوتۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ چوڭلىرىدىن بىرى 1820 ـ يىلى كوتۇرۇلگەن جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى بولدى. بۇ قوزغىلاڭ 1828 ـ يىلىدا بېسىقتۇرۇلۇپ، جاھانگىر خوجا قولغا ئېلىنىپ بېيجىڭغا ئېۋەتىلدى ۋە شۇ يەردە ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

بىرىنچى ئەپيۇن ئۇرۇشى چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلىكىنى ئاشكارە قىلدى. شۇۋاختىدا چەتئەل كاپىتالىستىك دولەتلىرى جۇڭگونى يېرىم مۇستەملىكىلىك مەملىكەتكە ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. جۇڭگونىڭ ئىچكى ئەھۋالىمۇ ناچارلىشىشقا باشلىدى.

① مۇللا مۇسا سايرامى «تارىخ ھەمىدى» (قولیازما) 66 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

مانا شۇ ۋاختىدا زور كولەمدىكى «تەي پىڭ تيەنگو» ھەركىتى كوتۇرۇلۇپ چىقتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بۇ ھەركەتكە قوشۇلۇپ كەتتى. مەسىلەن: يۇننەن، سىچۇەن، گۇيجۇ، گۇاڭشى، گەنسۇ، شەنشى ۋە شىنجاڭدىكى قوزغولاڭلار بۇنىڭ مىسالىدۇر. شىنجاڭدا ئۇيغۇر، خۇيسۇ خەلقلىرىنىڭ چوڭ كولەمدىكى قوزغىلىڭى پارتلاپ چىقىش بىلەن نەتىجىدە 1864 - ژىلى شىنجاڭدا ئاساسەن 5 ھاكىمىيەت پەيدا بولدى:

1. كۇچارنى مەركەز قىلغان راشىددىن خوجا يەنى خان خوجا ھوكۇمتى.

2. ئۇرۇمچىنى مەركەز قىلغان داۋۇت خەلىپە (خۇيسۇ) ھوكۇمتى.

3. خوتەننى مەركەز قىلغان ھىبىبۇللا خان ھوكۇمتى.

4. قەشقەرنى مەركەز قىلغان قىرغىز سىدىقبەگ ھوكۇمتى.

5. ئىلىنى مەركەز قىلغان تارانچى سۇلتانلىغى.

قەشقەردىن سىددىقبەگ قوقەند خانى ئىلىم (ئالىم) قۇلى خانغا ئەلچى ئىبۋەتىپ قوقەندىكى جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇك خوجىنى شىنجاڭغا خان قىلىپ ئىبۋەتىشنى سورىدى. ئىلىم قۇلى خان بۇزرۇك خوجىنى ۋە ئۇنىڭغا ئەسكەر باشلىغى قىلىپ تاجىك ياقۇببەگنى ئىبۋەتتى. مانا شۇ كۇندىن باشلاپ شىنجاڭدا يەنە يېڭى تارىخي چوڭ ۋەقەلەر پەيدا بولدى.

## 2. ياقۇببەگ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ يەتتە شەھەر خانلىقىنى قۇردى

ياقۇببەگ[1] باشتا بۇزرۇك خوجا نامىدىن ئىشلەپ خوتەن، كۇچار، ئۈرۈمچى، تۇرپانلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش بىلەن يەتتە شەھەر خانلىقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. لېكىن بۇ ۋاقىتتا ياقۇببەگ بىلەن بۇزرۇك خوجىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچەيگەن ئىدى. كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئۆز قولىغا يىغىۋالغان ياقۇببەگ بۇزرۇك خوجىنى ھەجگە بېرىشقا مەجبۇرلاپ شىنجاڭدىن ھەيدىۋەتتى ۋە 1868-يىلى ئۆزىنى «يەتتە شەھەر خانلىقىنىڭ مۇستەقىل ئەمىرى» دەپ ئېلان قىلدى.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا

① «ياقۇببەگ — چىن ئىسمى مۇھەممەت ياقۇپ، دادىسىنىڭ ئىسمى ئايۇپ بولۇپ، تاشكەنتنىڭ جەنۇبىدىكى «پىسكەنت» يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئاتا تەرىپىدىن تاجىكتۇر». (پىۋسوۋ «قەشقەرىيە ۋە كۇئېنلۇنغا ساياھەت» 310 - بەت. رۇس تىلىدا). «ئانىسى خوجەندلىكتۇر» (قۇربانغەلى خالىدى — «تاۋارىخ خەمسە شەرقى» 109 - بەت). ياش ۋاقتىدىن يېتىم بولۇپ تاغىسىنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ ئۆسكەن، ئەڭ ئاۋال بەگلەردە چاپارمەن بولۇپ ئاندىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلگەن. دەسلەپ يۈزبېشى ۋە كېيىن ئاق مەسجىت (ھازىرقى قىزىل ئوردا)دە ۋالى بولغان. 1864-يىلى (45 ياش ۋاقتىدا) قوقەند خانى ئالىم قۇل تەرىپىدىن بۇزرۇك خوجا بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن.

ئاسىياغا قارىتا تەجاۋۇزچىلىق سىياسەتلىرىنى ژۈرگۈزۈشكە ئا-
ساس قۇرۇش ئۈچۈن، ئىككىنچى تەرەپتىن، چار روسسىيىنىڭ
ھىندىستانغا قول سېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ يولىنى كېسىش
ئۈچۈن ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىسىدا بىر توسالغۇ تام،
يەنى «بۇفىر ھوكۇمەت» تىكلەش قەستىنى قىلاتتى. شۇڭلاشقا
ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇخارا، خىۋە، قوقەندە خانلىقلىرى
ئارقىلىق چار روسسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى قولغا ئېلىش پىلا-
نىغا ئاكتىپ سۈرەتتە قارشىلىق كورسۇتۇش تەشەببۇسىنى قىلىپلا
قالماستىن، بەلكى ئافغانىستان، ئىران ۋە شىنجاڭلارغىمۇ قول
سېلىپ ئۇلارنى ئوز تەسىرىگە كىرگۈزۈش ھەركىتىنى كۈچەيتە-
كەن ئىدى. شۇڭلاشقا ئەنگلىيە ياقۇببەگنى ئوز مەنپەتتى
يولىدا ئىشلىتىش مەخسىدى بىلەن ياقۇببەگكە ئەلچى ئېۋەتتى.
شۇۋاختىدا تۈركىيىمۇ بۇ ئىشقا قاتناشتى. 1865 - ژىلى چارروس-
سىيە تاشكەنتنى ئالغاندىن كېيىن تاشكەنتتىن قاچقان قازى خان
تورەم دېگەن ئابرويلۇق بىر ئادەم تۈركىيىگە بېرىپ ئورۇنلاشقان
ئىدى. تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ،
ئۇنى ياقۇببەگكە ئېۋەتىش بىلەن ياقۇببەگنىڭ تۈركىيىگە تەۋە
بولۇشىنى تەشۋىق قىلدۇرۇدۇ. قازى خان تورە قەشقەرگە
كەلگەندىن كېيىن ياقۇببەگ بىلەن كورۇشۇپ تۈركىيە سۇلتانىغا
ۋەكىل ئېۋەتىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. تەبىي، بۇ تەشۋىق نەپ-
تىجىسىز قالمىدى. ياقۇببەگ ئەشۇ قازى خان تورىنى باش

قىلىپ تۈركىيە سۇلتانىغا ئۆزىنىڭ بېقىنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئەلچى ئۆمىگى ئېۋەتىدۇ. تۈركىيە سۇلتانى ياقۇببەگ بەيئەتىنى تەنتەنە بىلەن قوبۇل تۇتۇپ ئۇنىڭغا «مىراخور باشى»① دېگەن ئەمەلنى ئىنئام قىلىدۇ. سۇلتان ئابدۇلئەزىزخان بارغان ئەل-چىلەرگە شاك شىياۋ (پولكوۋنىك) ئىسمائىل ھەققى، ئەلى كازىم ۋە مۇراپ بەگ باشلىق 20 دىن ئارتۇق ھەربىي مۇتەخەس-سىس ۋە سىياسىي كېڭەشچىلەرنى قوشۇپ نۇرغۇن قورال ۋە ھەدىيىلەر بىلەن ياقۇببەگكە ئېۋەتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يا-قۇببەگ شىنجاڭدا چىقىرىلغان پۇللارنى سۇلتان ئابدۇلئەزىز-خان نامىدا چىقىرىدۇ.

بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئەنگلىيىنىڭ ئايال پادىشاسى ۋىكتو-رىيە فورسەيىت سائىپ (شاك شىياۋ) باشچىلىقىدا بىر ئەلچى ئۆمگى ئېۋەتتى. ئۇ ئايال پادىشا نامىدىن ياقۇببەگكە: ...

بولك دولت لار بيلان اشنا چليک قيلماى بز برله اشنا بولسه اكر يراغ اسلحه عسكر لازم بولسه وكرک بولسه بر كونسول برله اون يكرمه مينك عسكر برلا يراغ اسلحه كاشغردا توختاتسام بر طرفدن دشمن غلبه قاسه ينه زياده لب ايباريب حمايت واعانت يتكورتسام عسكر نينك وظيفه سنى تنك برابر برساک اوشبو طريقه برله التمش يل اوتسه التمش يلدن كين يته شهرنى برلارغا

① مىراخورباشى — ئەمىر، خان مەنسىدە.

تفويض قيليب تافشورسه‌لار اندين بز سوراساق الوقت داهم اولاد اجفاد ونپيره لارنغه تربيت ومروت لارىمىزنى دەريغ توتماساق بو باب‌دا آنت ايمان وعهد پيمان‌لاريمىزنى شرط غليظلار برله استحكام ايلاساك [1] ... دېدى. ياقۇببەگ ئەنگلىيە بىلەن يېقىن‌

[1] موللا مۇسا سايرامى — «تارىخ ھەمىدى» قولىيازما، 231 — بەت. «تارىخ ھەمىدى» موللا مۇسا سايرامىنىڭ قولىيازما كىتاۋىدۇر. ئۇنىڭ ئەڭ ئاۋال يازغان كىتاۋىنىڭ نامى «تارىخ ئەمنىيە» بولۇپ ئۇ، 1905 — يىلى قازاندا بېسىلغان ئىدى. ھازىر مېنىڭ قولۇمدىكى قولىيازما «تارىخ ھەمىدى» بولۇپ 1908 — يىلى يېزىلغان. موللا مۇسا سايرامى ئۆز كىتاۋىنىڭ «ھەمىــدى» دەپ ئاتىلىــشىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق يازىدۇ:

《... تاريخ حميدى ديب تسميه قيلماقدانچه مناسيبت‌لار باردور برى بوكىم دولت عليه عثمانيه خليفه روى زمين زمان خاقان بن خاقان اعنى السلطان عبدالحميدخان بن السلطان عبدالحميدخان ايد الله دولتى نينگ امراطاعت وبيعت‌لاريكا بومغولستان (شىنجاڭ — ب —) يورتى واهالى‌لارى مشرف وداخل اولغان واقعه‌لارى مرور ايّام ودوران روز كارخلايقلارى دل اينه‌لاريدين وحشى وطيران بولوپ كتماكاى بلكه جهان صحيفه‌سيده منتشراولوب اشكارا و عيان اولسون ديكان مدعا دين تاريخ حميدى ديب اتاديم ...》 سۇلتان ئابدۇلھەمىت II بولسا، 1876 — يىلدىن تارتىپ 1909 — يىلغىچە تۈركىيىنىڭ سۇلتانى بولغان كىشى. ئۇ، 1842 — يىلى تۇغۇلۇپ 1918 — يىلى ۋاپات بولغان.

لىشىشنى ئويلىسىمۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتتا چار روسىيىدىنمۇ ۋەكىل كېلىپ قالغاشقا بىر قارارغا كېلەلمىدى. پەقەت كېيىن، ئابدۇسەمەت ئىشىك ئاغا باشچىلىقىدا نۇرغۇنلىغان ھەدىيە ۋە سوغاتلار بىلەن لوندۇنغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەنگلىيىنىڭ ئايال پادىشاسى بىلەن كۆرۈشتۈردى، ئەنگلىيىنىڭ ئايال پادىشاسىمۇ بۇلارنى قىزغىن كۈتۈپ ئېلىش بىلەن رازىلىق ئىزھار قىلدى ۋە شۇلار ئارقىلىق ياقۇپبەگكە ژىگىرمە مىڭ مىلتىق ۋە رېمونت زاۋۇدىنىڭ جاھازلىرىنى ئەۋەتتى. ياقۇپبەگ ئىككىنچى نۆ-ۋەت يەنە ئەھرارخان تۆرە باشچىلىقىدا لوندۇنغا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى، بۇلار بۇ قېتىم ئەنگلىيىنىڭ ئايال پادىشاسى بىلەن كۆرۈشۈپ 40 مىڭ دانە مىلتىق 200 شىرە چاي (ھەر-بىر شىرىسى 100 جىڭ) ئېلىپ قايتتى. ①

## 3. ياقۇپبەگنىڭ خەلققە قىلغان زۇلۇملىرىدىن قىسقىچە مىساللار

ياقۇپبەگ چىڭ ھاكىمىيىتىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقار-غاندىن كېيىن ئۇنىڭ زورگۈزگەن ھەرخىل ئېلىق-سېلىقلىرى-نىڭ ۋە يەر باجلىرىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئۈستىگە چۈشۈدىغان ئېغىرچىلىق ۋە ئېكسپلۇئاتاتسىيە-

① موللا مۇسا سايرامى «تارىخ ھەمىدى» قولىيازما نۇسخە، 260 - ھەم 261 - بەتلەر.

نىڭ مەزمۇنى ئۆزگەرمىدى، بەلكى بۇرۇنقىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. چىنىڭ ھوكۇمرانلىقى دەۋرىدە سۇ چىقىرىپ ئاۋات قىلىنغان زېمىنلار، يايلاق ۋە قىشلاقلارنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۇنى بۇرۇنقىدىن ئېگىدارچىلىق قىلىپ تۇرغان ئادەملەرگە سېتىپ پۇل ئالدى «اقسو تابعى اقيار، كلفين تا قوشتامى اونباش غىجه لك بش لگ الليگ التە منگ تنكە فل بولدى وباى سيرام دين بىرنميه گىم تورت لك تنكە فل بولدى وقالغان التە شهر نينگ حال احوالات دوستورلارنى اوشبو طريـــقـه دا بلكه زيادە بليـــب قياس وامتحان قيلغايلار»[1] موللا مۇسا سايرامى بۇ ھەققە يەنە تۆۋەندىكىچە يازىدۇ: «... هريلدا بركته سپاه نجه مرزالار برله كيلب پادشاه ليق زمين دين ساتيلماى قالغان ايكان بزلار حقيقت كا كلدوك ديب تحقيقلار قيليب بربها نەلارنى تافيب بزلار بازيافت قيلدوق ديب ينەنجه منگ تنكـــه فلارنى دولتخانه گــه آلدى بالعاقبت بو مذكور زمين غه جناب بدولت ساتيب فلنى الديم ديب بيع نامه خط قيلب اوز مهريـــنى وعاملار مهريـــنى باستوروب بركان ايدى بالعاقبت بوساتـــقان زمين نينگ مهرانه فلى نى برماكان ايكان ديب بر تنـــكەغه برداجن دين يوزتنكه يرالغان آدمكا تورت تنكه دين مهرانه فل قويوب يته شهردين

[1] موللا مۇساسايرامى «تارىخ ھەمىدى» قولىيازما نۇسخە 216 ـ بەت.

نجه لک تنکه فول آلدی وبسوکونـلاردا کاشغردا فقرالار جمع بولغان بر مجلس‌دا بر آدم ظریفانه بلـکی منافقانه ایتیب دورکم عجب تینجلیق اوبدان زمانه بولدی قوی‌نینک اوجاسیده تورغای اوکا قـویا دورغان زامانه بولدی دکانـلاری‌ده کاشغر طالب العلم لاریدین ملا دانا وظریف ملا محمد یار خلفتم دیب بر فاضل آدم حاضر ایکان ایتب دورکم جناب عالی یته قـبـت زمین‌نی ساتـب آتّی تورغای اشیانه قویغالی هم زمین قالمادی قوی نینک اوجاسیغا اوکا قیلمای ایمدی نه‌یرکا قیلسون دیب ظریفانه طریقه ده جواب برکان ایکان...»[1] یاقوببه‌گ «... نجـه آدم‌لار خانه‌لاری ویران وساحب خانه‌لاری سرکـردان بـولوب کتکانی برله داد ـ فریادلارنغا یتمادی سرکار وحاکم ولایت لار ننک ظلم ـ جبرلا ـ رنغه رواج بیریب کوتاردیلار خصـوصاً کین کی سغرلاریدا... بردابر آدم ننک عرض دادلارنغـه یتمادی وفرواهم قیلمادی بر طرفدن مسافر ومجاور سوداگرلار کیلسه‌لارمال احوالینی آچیب کوروب خطلب همه‌نی، دولت خانه عالی غه آلدی ومال ایکاسی بای‌لار آرغامجی فرچـه اوراغ کیـکـزلاری‌نی الیب کیتار ایدی وآرقه‌دین زکواتچیلار زکواة شرعینی برکین دیب ملازم‌قوشوب قویورایدی مذکور بای‌لار مال لاریمـزنی دولتخانه غـه آلدی

[1] مولالا مۇساسايرامى«تارىخ ھەمىدى»قولىيازما نۇسخە، 216ـبەت.

دیسه‌لار دولتخانه‌دین فل چیقاندا فلونکلارنی الاسیزلار حاضر زکواة شرعینی تاءخیر قیلمای اداقیلاسزلاردیب زکواةنی‌الورایدی جزانه غه فل کوتاریب زکواةنی ادا قیلیب قرض الیب یب تورار ایدی ... فل چیقمای قالسه‌لار یوق بولوب سرکردانلق برله فقروفا قه‌لیق کوجه‌لاریغا کریب قالور ایدی‌لار ...»[1].

ياقۇببەگ خەلقتىن باج ئورنىدا ئۇشۇر- زاكات (ماللاردىن $\frac{1}{40}$ ئۈلۈشىنىڭ قىممىتىنى، تېرىلغۇ مەھسۇلاتلىرىدىن $\frac{1}{10}$ ئۈلۈشىنىڭ قىممىتىنى ئالىدىغان دىنىي باج) ئېلىشنى يولغا قويغانىدى. لېكىن شۇ ئۇشۇر- زاكاتلارنى ئېلىشقا كىرگەندىن كېيىنلا «ملازم جلاد صفت مرزا ظالم طبیعتلارنی اول مذکور دیوان فلاکتلار اوستیکا تحقق وحقیقتلارغه چقارور ایدی برنی اون و اون‌نی یوز قیلیب خطلب یکرمه منک و اوتوز منک تنکه فل دیوان ذمه‌سکا حقیقت توغه‌راسیدین توشارایدی خواه زمین چهار پای وخواه کیکز بساط قزان قوشوق‌لاریغیچه ساتیب فل قلیب سرکارلارغه برورایدی»[2].

## 4. ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ خەلقلىرىنىڭ تارىخىي دوستلۇغى

شۇنداق قىلىپ ياقۇببەگنىڭ زۇلمى خەلقنىڭ سۆڭەك -

① مولla مۇسا سايرامى «تارىخ ھەمىدى»، قولىيازما نۇسخە 280- 281- بەتلەر.

② شۇ كىتاب 281 - 282 - بەتلەر.

سوُڭگه ئوتوُپ كەتكەن ئىدى. شوُنىڭ ئوُچوُن ئىككى ئادەم-
نىڭ بېشى قوشوُلغان يەردە خەنسوُلارنىڭ كېلىش خەۋىرى
توغرىسىدا راستوُ-يالغان سوزلەرنى قىلىشىپ ئوز كوڭوُللىرىنى
خوُشال قىلىشاتتى ((كاشغردا فيض اباد كنتىدا بر آدم قوش
هايداب و اوروغ ساچب تورغان ايكان ينه برآدم كيلب سوراب
دوركم اى برادر بويركانيمه تيريدينكز ديب دور جوابىغه ديب
دوركم نيمه تيريماقچى خطاى تيريدم ديب جواب بيريب دور
سوراغوچى تبسملار قيلب خوش بولوب كيتب دور)) ①
مانا موُشوُ بىر مىسال ئوُيغوُر خەلقىنىڭ خەنسوُ خەلقىنى سېغىن-
غانلىقىنى ۋە ئوُلارنىڭ ئوتتوُرىسىدا تارىخىي يېقىن دوستلوُق-
نىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدوُ.

## 5. ئەنگلىيە موُستەملىكىچىلىرى ۋە توُركىيە سوُلتانىنىڭ تەجاۋوُزچىلىق ھەركىتى

ياقوُببەگنىڭ توُركىيە بىلەن ئوُزلوُكسىز موُناسىۋەت باغلاپ
توُرغىنىغا ئوخشاش ئەنگلىيە موُستەملىكىچىلىرى بىلەنموُ داۋام-
لىق موُناسىۋەت باغلاپ توُرغانلىقىنى ۋە ھەرۋاخىت ئەلچىلەر
كېلىپ توُرغانلىقىنى توُرك موُھەممەت ئاتىف ئوزىنىڭ 1883-
يىلى نەشىر قىلىنغان «كاشغر تارىخى» دېگەن كىتاۋىدا كوپ

① موللا موُسا سايرامى «تاريخ ھەمىدى» قولیازما، 284-بەت.

بايان قىلدۇ.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى 1874 ـ ژىلى شاڭ شياۋ فور-سەيتىنى ياقۇببەگكە سىياسىي، ئىختىسادىي توختام تۈزۈش ئۈچۈن ئەلچى قىلىپ ئىۋەتىدۇ. فورسەيت قەشقەردە 4 ئاي تۇرۇپ ياقۇببەگ بىلەن توختام تۈزۈدۇ. ئەنگلىيە ھوكۈمىتى ياقۇببەگنى يەتتە شەھەرنىڭ مۇستەقىل خىنى دەپ تونۇيدۇ ۋە يەتتە شەھەر خانلىغىنىڭ مۇستەقىللىغىنى بىيجىندىكى چىڭ خاندانلىغىنىڭ ئەستىقلىشىغا تەسىر قىلىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا لى خۇنجاڭنىڭ شىنجاڭنى تاشلاشنى تەكلىپ قىلىشىمۇ تەساددىپى ئىش ئەمەسدۇر.

تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىز 1874 ـ ژىلى ياقۇببەگكە 2 ـ قىتىم ئىۋەتكەن بۇيرىغىدا ياقۇببەگتىن كىيىن ئۇنىڭ ئوغلىغا ئەمرلىكنى مىراس قىلىپ بىردىكە تۈركىيىنىڭ رازى بولىدىغانلىغى كورسۇتۇلگەن.

بۇ بۇيرۇق مۇنداق يىزىلغان:

«ئەسىل نەسەپكە مەنسۇپ، دىندارلىق بەلگىلىرىنى ئوزىگە ژىققان، بەخت بايرىغىنى ژۇقۇرى كوتەرگەن، ھازىرقى تاۋابات ۋە بارلىق ئوزىنىڭ لەۋاھىقاتلىرى بىلەن قەشقەر ئىقلىمىنىڭ ئىتتىۋارلىق ھاكىمى ياقۇپ خانغا!

ئاللا ئىززەت شەرقىندىن ئىززەت ۋە دەرىجە ئايلىرىنى تۇغدۇرسۇن! بۇنىڭ ئالدىدا پادشائى ئەزەمىمىزگە ئوزلىرىنىڭ

ئىزھار ئەتكەن ساداقەت ۋە ئىخلاس ئەسەرلىرى پادشاھىمىز قېشىدا مەقبۇلىيەتكە ئاشقان ھۆرمەت ۋە تەقدىردىن ھاسىل بولغان مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىق روھ ۋە شادلىقلارنىڭ تولۇق ئەھۋالىنى ئىپادىلىگەن، ئۇمۇمەن خەلىپىلىككە تابى بولۇپ، خەلىپە ئىسمىغا خۇتبە ئوقۇش ۋە پۇل چىقىرىش بىلەن، سىزلەرنىڭ بىزگە مەنسۇپ بولۇشىڭىز بىلەن ھاكىمىيىتىڭىزنى زىننەتلەپ، كېيىن داۋاملىق رەۋىشتە بىزگە مەنسۇپ بولۇشىڭىز ۋە چىداملىق مەۋقەدە بولۇشىڭىزنى ئىپادىلىگەن ھۆرمەتلىك ياقۇببەگ[1] ۋاستىسى بىلەن ئېۋەتىلگەن دوستلۇق مەكتۇبىڭىزنى ئوقۇپ ۋاقىپ بولدۇق.

قەشقەرنىڭ — قەشقەر ئەمىرلىگىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چوڭ ئوغۇللىرىغا ۋارىسلىق ھوقۇقى مەزمۇنىدىكى ئىلتىماسلىرى مەلۇمىمىز بولدى. ئىسلامىيەتنىڭ جازىبە قۇۋۋىتى بىلەن بولغان ئارىمىزدىكى ماددىي، مەنىۋىي دوستلۇقنىڭ سىزنىڭ ئىزھار قىلغان تەسلىمىيەت بىلەن ئەمەلىيەتكە ئاشىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز بىلەن بىللە مۇھەببىتىمىز مەۋجۇت بولغان ئورتا ئازىيادا بىر كۈچلۈك ۋە پۈتۈن ياخشى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن دىندار خەلقلەرنىڭ ئۇلۇق خەلىپىمىزگە ئىخلاس قىلىپ باغلىنىشلىرى بىزنىڭ تېخىمۇ مەمنۇنىيىتىمىزنى ئىپادىلەيدۇ.

① ياقۇببەگنىڭ ئابدۇلئەزىزگە ئېۋەتكەن ۋەكىلىنىڭ ئىسمى ياقۇببەگ ئىدى.

بۇ بولسا پادشا ھانىمىز ئالدىدا مەقبۇلىيەتكە ئاشقانلىقىنىڭ ئاشكارە ئالامىتىدۇر. سىلەرنىڭ خۇتبە ۋە سوقۇپ چىقىرىلغان پۇللىرىڭىز خەلىپىنىڭ ئىسمى بىلەن زىننەتلىنىپ، ئەتراپىڭىزدا يەنە دۆلىتىمىزنىڭ بايرىقى شەكلى ۋە رەڭگى ئۆزگەر تىلمەستىن كوتۈرۈلۈشى مانا شۇ بىرلىشىشكە ھېچبىر ۋاخىت زىيان يەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا ياقۇپخاننىڭ ئەمىرلىگى ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇلۇش بىلەن خەلىپە تەرىپىدىن «سورە فەتخىك» بىلەن گۈللەنگەن بىر بايراق ئوسمانى ۋە باشقا ھەدىيىلەر ئېۋەتىلدى. كىشىلىك جەمئىيىتىنىڭ ئەمىنىيىتى ۋە خاتىرجەملىكلىرى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىڭىزلار سىزلەرنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىڭىزلەردۇر... قەشقەرنىڭ تەۋاردىس ئەۋلاتلىرىغا ئىنتىقالى ھەققىدە مەن خەلىپە تەرىپىدىن ئەمىر- پەرمان سادىردۇر...».

سىزلەرگە قارىتا ژۇقۇرىدا ئېيتىلغانچە بىزلەرنىڭ مۇسائىدە ۋە ئىلتىپات - كەچۈرلىكلىرىمىز ۋە لۇتپى كەرەملىرىمىزنىڭ قولىڭىزغا كېلىشىنى خەلقلەرگە سۆيۈنۈش بىلەن تەبلىغ قىلارسىزلەر...مۇشۇنداق ئىچكى تەرەققىياتلار ئۈچۈن سەئى غەيرەت قىلىشلىرى بىزنىڭ تەلىۋىمىز ۋە كۆتكەن ئۈمىدىمىز بولۇشىنى بىلدۇرۇش بىلەن دىۋان ھۇمايۇندىن ئۇشبۇ پەرمان ئالىشاھانەم ئەسرار قىلىندى.

رەجەپ 15. ھىجرى 1292»①.

---

① مۇھەممەت ئاتىف «قەشقەر تارىخى» 388 - 389 - بەتلەر (قىسقارتىپ ئېلىندى).

www.uyghurkitap.com

سۇلتان ئابدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ مۇشۇ بۇيرۇغى بىلەن بىللە نۇرغۇن قۇراللار، ھەربىي مۇئەللىملەر، مۇتەخەسسىسلەر ۋە سوغاتلار ئەۋەتىدۇ. بۇنوۋەت قۇراللانغان تۈركىيە پىدائىلىرى بىلەن بىللە داغىستان بەگلىرىدىن زامانبەگ ھىندىستان ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىدۇ. مانا شۇ ۋاقىتتا! ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى دوگلاس فورسەيت باشچىلىغىدىكى 8 كىشىلىك ھەيئەتنى نۇرغۇنلىغان قۇراللار بىلەن ياقۇپبەگكە ئەۋەتىدۇ. چار روسسىيە ھەم ئەلچى ئەۋەتىپ مۇناسىۋەت قىلىشنى خالىغان بولسىمۇ، تامامەن تۈركىيە ۋە ئەنگلىيە تەسىرىدە بولغان ياقۇپبەگ تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قىلمايدۇ.

تەيپىن تىيەنگو قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھەربىي كۈچىنى غەربىي-شىمالغا توپلاپ ئۇ يەردىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش بىلەن شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ھەركىتىنى باشلايدۇ. لېكىن شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە لى خۇڭجاڭ بىلەن زوزۇڭتاڭلار ئوتتۇرىسىدا پىكىردە قارىمۇ-قارشىلىق تۇغۇلىدۇ. ئەنگلىيە تەسىرىدە بولغان لى خۇڭجاڭ باشچىلىغىدىكى گۇرۇپپا «دېڭىز مۇداپىئەسى» دېگەن سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىنجاڭنى تاشلاش كېرەك، دەيدۇ. زوزۇڭتاڭ باشچىلىغىدىكى گۇرۇپپا دۆلەت پۈتۈنلىگىنى ساقلاش ئۈچۈن غەربىي-شىمال ئۆلكىلىرىنىڭ

چېگرىلىرىنى ساقلاش كېرەك، دېمەك، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋې-
لىش كېرەك، دېگەن دەۋانى قىلدۇ، نەتىجىدە زوزۇڭتاڭ
ئۇستۇنلۇك قازىنىدۇ، ئۇ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇچۇن
كوپ ساندا ئەسكەر چىقىرىدۇ. چار روسسىيە چىڭ ئەسكەر-
لىرىگە كېرەكلىك ئاشلىقلارنى يەتكۇزۇپ بېرىشتە ياردەم
قىلىدۇ.

## 6. خۇلاسە

ياقۇببەگ ھاكىمىيىتى ئەكسىيەتچى، خەلققە قارشى ھاكى-
مىيەت بولۇپ، ئۇ تۇركىيە ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ
شىنجاڭ خەلقىنى قۇللۇققا چۇشۇرۇپ ئېزىش سىياستىنىڭ
قۇرالىدۇر، چەت مەملىكەتنىڭ كۇچىگە يولۇنۇپ شىنجاڭ
خەلقىنىڭ بايلىقىنى تالايدىغان ئەڭ زەھەرلىك قورچاق ھاكى-
مىيەتتىن ئىبارەتدۇر. بۇ ھاكىمىيەت بىلەن دىخانلار فېودال-
لىققا قارشى كۇرەشى ئوتتۇرىسىدا تۇپ ئاساسىدىن پەرق بار.

شىنجاڭ خەلقىنىڭ تارىخىدا ئوزىنىڭ ئازاتلىقى ئۇچۇن
نۇرغۇن ئىنقىلاپلار ۋە قوزغۇلاڭلار بولدى. شىنجاڭ خەلقى
جۇڭغارىيە فېوداللىرىغا قارشى، چىڭ خاندانلىقىنىڭ مۇستەبىت
ھوكۇمرانلىقىغا قارشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوز ئىچىدىكى فېو-
دال-پومېششىكلار، ھاكىم بەگ ۋە بەگلەرنىڭ ئېزىشلىرىگە
قارشى نۇرغۇن قېتىم كەسكىن ۋە شىددەتلىك كۇرەشلەرنى

ئېلىپ باردى. مۇشۇ كۈرەشلەرنىڭ ئاساسىي كۈچى دېخانلار ئىدى. لېكىن مۇشۇ ھەممە كۈرەشلەردە ئۇلار يېڭىلىپ تېخىمۇ چوڭقۇر ئېزىلىش ۋە جەۋىر-زۇلۇم ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇ قوزغىلاڭلارنىڭ تەجرىبىلىرى شىنجاڭ خەلقىگە چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىدىن ھەم يەرلىك ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتتىن، ئۆز ئىچىدىكى فېئودال-پومېشچىكلار ۋە جازانەخورلارنىڭ زۇلمىدىن ھەم ئېكسپلۇئاتاتسىيىسىدىن قۇتۇلۇپ مەڭگۈ ئازات بولۇشلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىلغار سىنىپنىڭ رەھبەرلىكىدە خەنسۇ خەلقى بىلەن مۇستەھكەم بىرلىشىپ كۈرەش قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى ۋە شۇنداق قىلغاندىلا ئازاتلىق-تەڭلىك مەخسىدىگە يېتىش بىلەن ئەركىنلىك، پاراۋانلىق، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىش مۇمكىن ئىكەنلىكىنى تارىخىي فاكتلار بىلەن ئىسپاتلىدى. ئەگەر XIX ئەسىرنىڭ 70 — 80 — يىللىرىدىكى لى خۇنجاڭ گۇرۇھىنىڭ «شىنجاڭنى تاشلاش كېرەك» دېگەن نەزىرىيىسى ئۇستۇنلۇك قازىنىپ، ياقۇپبەگنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتى ساقلىنىپ قالغان بولسا ئىدى، ئۇ ۋاختىدا شىنجاڭ خەلقى داۋاملىق ئېزىلىش ۋە قۇللۇقتىن قۇتۇلالمىغان بولار ئىدى. شۇڭلاشقا زوزۇڭتاڭ ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىغىدىكى ھەربىي كۈچلەر ماھىيەتتە ئەكسىيەتچى، فېئودالىزمنىڭ تىرىگى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۈركىيە سۇلتىنى ۋە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مالىيى بولغان ياقۇپ-



www.uyghurkitap.com

بەگ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىنجاڭنى يېڭىۋاشتىن جۇڭگوغا قوشۇشى ۋە شىنجاڭ خەلقىنى مۇستەملىكىچىلىك قوللۇغىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشىنىڭ ئۆزى ئىلغارلىق خاراكتېرگە ئىگە. مېنىڭچە، بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

شىنجاڭنىڭ يېڭىۋاشتىن جۇڭگونىڭ قوينىغا قايتىپ كىردىشىنىڭ نەتىجىسى تەخمىنەن 70 يىلدىن كېيىن، يەنى 1949- يىلدىن كېيىن تېخىمۇ تولۇق كۆرۈندى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ تارىخىي تەقدىرى خەنزۇ خەلقى باشچىلىقىدىكى بارلىق جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ بىرلەشكەن. پۈتۈن دۆلەت خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى شىنجاڭ خەلقىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دوستلۇق، ھەمكارلىق چوڭ ئائىلىسىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئەزالىرىدىن قىلىش بىلەن تولۇق ئازاتلىققا ئېرىشتۈردى. ئېزىلىش، تەڭسىزلىك، ئېكسپلۇئاتاتسىيە ئەبەدىي يېنىپ كەلمەس بولۇپ يوقالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

書號：1953(4)449

論阿古柏政权 （維吾尔文）

包尔汉著

民族出版社翻譯出版 地址：北京安定門外和平东路
北京市書刊出版業營業許可證出字第047號
中央民族印刷厂印刷　　新华書店发行
1958年10月北京第一版　　1958年10月北京第一次印刷
787×1092公厘1/32　印張 3/4　印數：1—4.200冊

統一書号：M11049・維6　定價：0.05元

ياقۇببەگ ھاكىمىيىتى
توغرىسىدا

باھاسى : 5 پۇڭ.